2019 - يىل 11 - ئاي
9
شەنبە
维吾尔文 11月9日

# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com   شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   24874 - سان   بۈگۈن 4 بەت

# تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتايلى

## ــــ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا قىلغان ئاساسىي مەقسەت نۇتقى توغرىسىدا

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئېچىۋېتىش ئىلگىرىلەش ئېلىپ كېلىدۇ، بېكىنمىچىلىك مۇقەررەر ئارقىدا قالىدۇرىدۇ. ئېچىۋېتىش هازىرقى جۇڭگونىڭ روشەن بەلگىسى.

«جۇڭگو بازىرى مانا مۇشۇنداق چوڭ، كۆپچىلىكنىڭ كېلىپ كۆرۈپ بېقىشىنى قارشى ئالىمىز»، «جۇڭگو قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ، هەرقايسى دۆلەتلەرنى تېخىمۇ كۆپ بازار پۇرستى، مەبلەغ سېلىش پۇرستى، ئېشىش پۇرستى بىلەن تەمىنلەيدۇ». 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدىكى ئاساسىي مەقسەت نۇتقىدا، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگونىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى سىجىل ئالغا

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ هاۋا ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېما پائالىيىتىگە قاتناشقاندا مۇنداق تەكىتلىدى

## ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ هالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ،

## خەلق هاۋا ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان هاۋا ئارمىيەسى قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش كېرەك




11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي هەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ هاۋا ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېما پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي هەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن، هاۋا ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، هاۋا ئارمىيەسىدىكى بارلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە سەممىي سالام يوللىدى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ چاڭپىڭ رايونىغا جايلاشقان جۇڭگو ئاۋىياتسىيە مۇزېيىدا هاۋا ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېما كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى شۇەنلياڭ، جاڭ يۈچىڭ)** 70 يىلدىكى شانلىق يىللار، 90 مىڭ گەز كۆكتە ئەنقا پەرۋاز قىلماقتا. خەلق هاۋا ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىغا 70 يىل بولغان پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي هەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى هاۋا ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېما پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي هەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن، هاۋا ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، هاۋا ئارمىيەسىدىكى بارلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە سەممىي سالام يوللىدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ چاڭپىڭ رايونىدىكى جۇڭگو ئاۋىياتسىيە مۇزېيىغا كەلدى. قەهرىمانلار مەيدانىدا، «كۆك ئاسمان روهى» هەيكىلى هەيۋەتلىك، سۈرلۈك بولۇپ، «غەلىبە ئوتى» مەشئىلى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. شى جىنپىڭ ئالدى بىلەن خەلق هاۋا ئارمىيەسى قەهرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى، ئۇ ئالدىغا بېرىپ، گۈل سېۋىتىدىكى لېنتىلارنى رەتلەپ، خەلق هاۋا ئارمىيەسى قەهرىمانلىرىغا ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى. شى جىنپىڭ ئاستا قەدەملەر بىلەن خەلق هاۋا ئارمىيەسىنىڭ قەهرىمانلار تېمىنى ئايلىنىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، قەهرىمانلارغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشنى ئىپادىلىدى. خەلق هاۋا ئارمىيەسىنىڭ شانلىق تارىخى كۆرەش قىلىش، قۇربان بېرىش ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش ئارقىلىق يارىتىلغان. 70 يىلدىن بۇيان، خەلق هاۋا ئارمىيەسىنىڭ قەهرىمانلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# كۈچ ئۈلاپ ئىلگىرىلەش هەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىششىق يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىششىغا تۈرتكە بولدى

## ــــ پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغانلىقىنىڭ ئالتە يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى خو شياۋگۇاڭ، جاڭ شياۋسۇڭ، لو جېڭگۇاڭ، ۋاڭ پېڭ

ئەمدىلا يېپىلغان پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش»تىن ئىبارەت بۇ مۇهىم، زور مەسىلە مەخسۇس تەتقىق قىلىنىپ هەم قارار چىقىرىلىپ، بىزنىڭ هەر تەرەپتىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىششىق يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىششىغا تۈرتكە بولۇشىمىز ئۈچۈن ۋاقىت جەدۋىلى، يۆنىلىش خەرىتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

ئالتە يىل ئىلگىرى، پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا، پارتىيەمىز تۇنجى قېتىم «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش»تىن ئىبارەت مۇهىم، زور تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلاهاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلىغانىدى.

پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا «تېما بەلگىلەش»تىن تارتىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا مەركەزلىك «تېمىنى هەل قىلىش»قىچە، ئالتە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى كۈچ ئۈلاپ ئىلگىرىلەپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىدى.

بۇ ئالتە يىلدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىسلاهات، ئېچىۋېتىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دانا پىلان تۈزۈپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، دادىل تەدبىر قوللىنىپ، ئۆتكەلگە هۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاهاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش مۇهىم ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى دەۋردە ئىسلاهات، ئېچىۋېتىشنىڭ باهار دولقۇنىنى قوزغىدى. نۆۋەتتە، پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 336 تۈرلۈك ئىسلاهات تەدبىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان ۋاقىت جەدۋىلى، يۆنىلىش خەرىتىسى بويىچە پۇختا، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلماقتا.

بۇ ئالتە يىلدا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاهاتىدا مۇهىم، زور بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلدى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاهاتى مۇقىم ئالغا سىلجىتىلدى، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاهاتىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، جەمئىيەت تۈزۈلمە ئىسلاهاتى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلدى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈلمە ئىسلاهاتى تېز ئالغا سىلجىتىلدى، پارتىيە قۇرۇلۇشى تۈزۈمى ئىسلاهاتى پۇختا ئالغا سىلجىتىلدى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش تۈزۈلمىسى ئىسلاهاتىدا مۇهىم باسقۇچلۇق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاهاتىدا تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلدى... ئاساسلىق ساهەلەرنىڭ ئۇل خاراكتېرلىك تۈزۈم سىستېمىسى ئاساسىي جەهەتتىن شەكىللىنىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# چېن چۈەنگو تۇرپان شەهرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

## پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روهىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك



11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو تۇرپان شەهرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو ئىدىقۇت رايونى خۇڭشىن تەۋەلىك رايونىنىڭ گېبى مەهەللىسىدىكى مەسچىتتە دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەهۋالىنى ئىگىلىمەكتە. □مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو تۇرپان شەهرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روهىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەسلى مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، بۇرچنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو ئىدىقۇت رايونىدىكى كوناشەهەر يولى كوچىسى مەيدان مەهەللىسىگە كېلىپ، هەر مىللەت ئاهالە ۋە مەهەللە كادىرلىرى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ، باش تېما تەربىيەسى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئەهۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى:

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# قەشقەر شەهرى: شۇ دەرىجىلىكنى تۇتتى، تۆۋەن دەرىجىلىكنى تۇتتى  ئەمەلىي ئىش قىلىپ ئەل قەلبىنى ئىللىتتى

## ــــ دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدا يۈرۈشلۈك خەۋەر

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**
دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش

2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەر شەهەرلىك پارتكوم «2+8» مەخسۇس تۈزەش ۋە «1+3+3» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىشنى چۆرىدەپ، ناهىيە - باشقارما دەرىجىلىك رەهبەرلىك بەنزىسى ۋە رەهبىرىي كادىرلارنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش رولىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شۇ دەرىجىلىكنى تۇتۇپ، تۆۋەن دەرىجىلىكنى تۇتۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتۇپ، قاتلاممۇ قاتلام بېسىم يەتكۈزۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، ئامما كۆرەلەيدىغان، تۇتالايدىغان، هېس قىلالايدىغان نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

«ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»، ئېغىر نامرات رايونلاردىكىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تىكى كەمتۈكلۈك ۋە يۇقىرى سۈپەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى چەكلەۋاتقان ئاملىنى چىڭ كۆزلەپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئىمپورت كۆرگەزمىسگە نەزەر

### جولاڭ ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ باش تىجارەت ئەمەلدارى بىلەن بىللە ئىمپورت كۆرگەزمىسىنى ئايلىنىش ــــ

# «شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ياسىمچىلىقى» ئۇتتۇرا، يۇقىرى سەۋىيەگە قەدەم قويىدى

□مۇخبىرلىرىمىز ما يىنىڭ، چېن چياڭۋېي

«بىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق توقۇمىچىلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىمىز بار، بۇ يەردە تۇرغىنىمدا ئۆزۈمگە بەكمۇ ئىشىنىمەن!» 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى جابدۇق كۆرگەزمە رايونىدا، جولاڭ ئەقلىي ئىقتىدار تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى، باش تىجارەت ئەمەلدارى گۇەن يى مۇخبىر بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق توقۇمىچىلىق ئۈسكۈنىلىرى ياسىمچىلىقى توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا، چىرايىدىن ئىپتىخارلىق چىقىپ تۇراتتى.

جولاڭ ئەقلىي ئىقتىدار تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭنىڭ جابدۇق ياسىمچىلىقىنىڭ يارقىن ئىسىم كارتىسى بولۇپ، ئۇدا ئىككى نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسگە قاتناشتى.

هەممىگە ئايانكى، ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ جابدۇق ياسىمچىلىقى سارىيىدا دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى مەركەزلىك كۆرگەزمە قىلىنىدۇ. «كەسىپ ئەهلى ئەمەسلەر تاماشا كۆرىدۇ، كەسىپ ئەهلىلىرى ئىشنىڭ يولىنى كۆرىدۇ. سىز بىلەن بىللە كۆرگەزمە رايونىنى ئايلانساق، بىزگە بۇ يەردىكى ئىشنىڭ يولىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟» مۇخبىر بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى بىلدۈردى، گۇەن يى ماقۇل بولدى.

تۇنجى بېكەت شۋېيتسارىيە SAURER كارخانىسىنىڭ جولاڭ كۆرگەزمە سۇپىسىغا كەلدۇق. «بۇ، شىۋېيتسارىيەدىكى شۆبە شىركىتىمىز بولۇپ، بىزنىڭ چەت ئەلدە قۇرغان شۆبە شىركەتلىرىمىزنىڭ بىرى.» گۇەن يى مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ قېتىم شىۋېيتسارىيەدىكى شۆبە شىركىتىمىز دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار بولغان ئىككى ئاپتوماتىك توقۇمىچىلىق ئۈسكۈنىسى ـــ هاۋا ئېقىمى ئارقىلىق يىپ ئىگىرىش ئۈسكۈنىسى ۋە ئايلانما لوڭقىلىق توقۇمىچىلىق ئۈسكۈنىسىنى ئېلىپ كېلىپ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇردى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)